# كېچە ۋە كۈندۈز نامىزى ئىككى رەكەت-ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى:
«كېچە ۋە كۈندۈز نامىزى ئىككى رەكەت-ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -] تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - نەسائىي"سۈنەن نىسائىي"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ن]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: كېچە-كۈندۈزدە ئوقۇيدىغان ناماز ئىككى رەكەت-ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ، بۇ ھەدىسنىڭ ئەسلى بۇخارى ۋە مۇسلىمدا: «كېچە نامىزى ئىككى رەكەت-ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ» دېگەن تېكىست بىلەن كەلگەن، بەزى راۋىلار: «كۈندۈز» دېگەن سۆزنى قېتىپ قويغان بولۇپ، بۇ ئاجىز قاراشتۇر، بۇنىڭ مەنىسى: كېچە-كۈندۈزدە نەپلە ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى ھەر ئىككى رەكەتتە بىر سالام بەرسۇن دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مۇسلىمنىڭ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلغان رىۋايىتىدە ئوچۇق بايان قىلىنغان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: كېچە نامىزى ئىككى رەكەتتىن بولىدۇ دېگەن قانداق گەپ؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى جاۋاپ بېرىپ :ھەر ئىككى رەكەتتە بىر قېتىم سالام بېرىسەن دېگەن. بۇ كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ كېچە نامىزى ھەققىدىكى قارىشى بولۇپ، يەنى كېچىدە ئىككى رەكەت-ئىككى رەكەتتىن زىيادە نەپلە ناماز ئوقۇش دۇرۇس بولمايدۇ، ئەمما ۋىتىر نامىزى بولۇپ قالسا دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى ۋىتىر نامىزىنىڭ زىيادە بولىدىغانلىقىنى سۈننەت ئىسپاتلىغان، ئەمما كۈندۈزدە ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازلارنى ئىككى رەكەتتىن ئاشۇرۇپ ئوقۇسىمۇ بولىدۇ، ياخشىسى ئىككى رەكەت-ئىككى رەكەتتىن ئوقۇشتۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/11260